# 26117 - پەيغەمبەرلەرنىڭ هاياتى

## سوئال

پەيغەمبەرلەر هاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟ پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا بارلىق پەيغەمبەرلەر يىراق مەسچىت(مەسجىد ئەقسا)تە ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغانىكەن . ئاندىن پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەر بىر ئاسمانغا چىققاندا ھەممىگە تونۇشلۇق بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئۇلار ئىنچى ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغان . شۇڭا بۇ پەيغەمبەرلەر قانداقسىگە يىراق مەسچىتتە ئاندىن كىيىن ئاسمانلاردا بولىدۇ ؟ ياكى پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە يەنىلا هاياتمۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پەيغەمبەرلەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) دۇنيا كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆلۈك . ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ياخشىسىنى ئاتاپ تۇرۇپ : **« ھەقىقەتەن ، سەنمۇ ئۆلىسەن ، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ . »** دىدى.[ زۇمەر(ئادەم توپى): 30 ]

بىراق ئۇلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا هايات . چۈنكى شەھىد ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا هايات تۇرغان يەردە ، پەيغەمبەرلەر شەكسىز شەھىدلەردىن يۇقۇرى مەرتىۋىدە تۇرىدۇ . پەيغەمبەردىن(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نەقىل قىلىنغان بىر سەھىيھ ھەدىستە ، ئۇ مۇنداق دىگەن : **« پەيغەمبەرلەر قەبرىلىرىدە ناماز ئوقۇغان ھالەتتە هايات تۇرىدۇ . »** [ بەززار نەقىل قىلغان ، ئەلبانىي سەھىيھ جامىئىتا سەھىيھ دەپ تۈرگە ئايرىغان ، 2790] بۇ ناماز بولسا خۇددى جەننەت كىشىلىرى تەسبىيھ بىلەن نېئمەتلەنگىنىگە ئوخشاش ، ئۇلار نېئمەتلىنىدىغان نەرسە .

ئۇلار قەبرىلىرىدە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) تۇرىدۇ . ئەيسا (ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) ئۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ ، ئاللاھ ئۇنى ئاسمانغا ئەچىقىۋەتكەن . ئاللاز ئېيتقاندەك : « ئەيسا نع ظألترضعنعمذ يوق،دارغا ظاسقعنعمذ يوق ۋة لئكعن ظذلارغا شبهة سئلعندع،(ظعسانع ظاستذق دةص ضذمان قعلعص،ظعسا ظةلةيهعسسالامغا ظوخشاص قالغان باشقا بعرسعنع ظاستع)،ظعسا توغرعسعدا ظعختعلاص قعلعشقانلار هةقعقةتةن ظذنعث ظألتربلضةنلعكع(مةسعلعسع)دة شبهعدعدذر.ظذلار بذ( ظعشنعث هةقعقعتع)نع بعلمةيدذ،ضذمانغعلا ظاساسلعنعدذ،ظذلار ظعسانع جةزمةن ظألترمعدع {157}. بةلكع اللّٰه ظذنع ظأزتةرعصعضة كأترعدع(يةنع ظعسا ظةلةيهعسسالامنع اللّٰه ظذلارنعث شةررعدعن قذتذلدذرذص تعرعك هالدا ظاسمانغا ظئلعص حعقعص كةتتع).اللّٰه غالعبتذر،هئكمةت بعلةن ظعش قعلغذحعدذر . » [ نسا( ئايااللار): 157-

[ 158

پەيغەمبەرلەرنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) ئىسرا كېچىسى مۇھەممەد(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) پەيغەمبەرنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغىنىغا كەلسەك ، ئۇلار ئۇنىڭ كەينىدە روھلىرى بىلەن ناماز ئوقۇغان ،تەنلىرى بولسا قەبرىلىرىدە ئىدى . ۋە شۇنىڭدەك ، مىئراج كېچىسى
پەيغەمبەرلەرنى ئاسماندا كۆرۈشمۇ ھەم . ئۇ چاغدا ئادەمنى دۇنيا ئاسمىنىدا ، يەھيا ۋە ئەيسانى ئىككىنچى ئاسماندا ، يۇسۇفنى ئۈچۈنچىسىدە ، ئىدرىسنى تۆتىنچىسىدە ، ھارۇننى بەشىنچىسىدە ، مۇسانى ئالتىنچىسىدە ، ئىبراھىمنى يەتتىنچىسىدە كۆرگەن بولۇپ ، ئۇ ئۇلارنىڭ روھلىرىنى شۇلارنىڭ ئۆز بەدەن قىياپىتىدە كۆرگەن .
بەزى كىشىلەر : ئۇلارنىڭ قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن بەدەنلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشىدۇ ، بۇ ئاساسسىز .
لېكىن ئەيسا ئاسمانغا روھى ۋە بەدىنى بىلەن چىقىپ كەتكەن ؛ ئىدرىسنىمۇ ھەم شۇنداق دېيىلىدۇ .
لېكىن ئىبراھىم ، مۇسا ۋە باشقىلىرىغا كەلسەك ، ئۇلار زېمىنغا دەپنە قىلىنغان .
مەسىھ (ئۇنىڭغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگەئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق بولسۇن) زېمىنغا مۇقەررەر چۈشىدۇ . دەمەشقنىڭ شەرقىدىكى مەنارەتۇ بەيزاغا چۈشۈپ ، دەججال( ئەيسانىڭ دۈشمىنى)نى ئۆلتۈرىدۇ ، كىرىستنى سۇندۇرىدۇ ۋە چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ . سەھىيھ ھەدىيسلەردە ئىسپاتلانغىنىدەك . شۇڭا گەرچە ئۇ يۇسۇف، ئىدرىيس ۋە ھارۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ ، ئۇ ئىكىنچى ئاسماندا . چۈنكى ئۇنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدىغىنى ، ئۇ قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى يەرگە چۈشىدۇ . ھەمدە ئادەمنىڭ دۇنيا ئاسمىنىدا بولۇشى ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ روھلىرى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدۇ، يەنى بەختلىكلەرنىڭ روھلىرى . بەختسىزلەرنىڭ روھلىرى بولسا ئۇلارغا ئاسمانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلمايدۇ ، ھەمدە ئۇلار تاكى تۆگە يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتمىگىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ . شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىكەن ، ئۇ ئۇلارغا يېقىن تۇرۇشى كېرەك . . . ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) كەينىدە ناماز ئوقۇغانلىقى ، ئاندىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن ، بەزىلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوق . چۈنكى روھلار پەرىشتىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بىردەمدە چىقالايدۇ ۋە چۈشەلەيدۇ ، بەدەنگە ئوخشىمايدۇ .
[ئىسلام پېشۋاسى ئىبنۇ تەيمىيەنىڭ فەتىۋالار توپلىمى ، 4 328-329 دىن ئېلىندى . ]